# 93229 - دۇغ نەرسلەر كەلسمۇ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش توغرىسىدا

## سوئال

مەن هازىر پاكلىق هالىتىمدە بولۇپ، مەندىن دۇغ نەرسىلەر كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ هالەتتە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر هازىر كەلگەن دۇغ نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولۇشتىن ئىلگىرى كەلگەن بولسا، بۇ هەيز هېسابلىنىدۇ، بۇنداق هالەتتە ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش توغرا بولمايدۇ. ئەمما بۇ دۇغ نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، بۇ هەيز هېسابلانمايدۇ، ناماز ۋە روزىدىن چەكلەنمەيدۇ. [”شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى“ 10-توم 208-بەت].

ئەگەر بۇ دۇغ ياكى سېرىق نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، هەيز هېسابلانمايدۇ بەلكى بۇنىڭ هۆكمى ئىستىهازىنىڭ هۆكمىدە بولىدۇ، بۇنداق نەرسىلەر كەلگەن ۋاقىتتا ئىستىنجا قىلىپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتىسىز، بۇنى هەيز هېسابلىمايسىز، يولدىشىڭىزغا هالال بولىسىز، بۇ توغرىدا ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **«بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن دۇغ ۋە سېرىق نەرسىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايتتۇق»**. [بۇخارى رىۋايىتى 320-هەدىس].

بۇ هەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 50059–50430- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

سىز دۇغ ۋە سېرىق نەرسىلەر كەلسىمۇ مەسچىتتە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇسىڭىز گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن بۇنىڭ شەرتى: سىز هەيزدىن پاك بولغانلىقىڭىزغا تولۇق ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.